# ئىستىقلال ئاۋازى

ئاپرېل 2024

ئومۇمىي 45 - سان

## شەرقىي تۈركىستان خەلقى بۇ يىلمۇ

# ھېيت ۋە رامىزاندىن مەھرۇم




ما شىڭرۇي خوتەنگە بېرىپ ئاتالمىش «تېررورلۇق»قا زەربە بېرىشنى تەكىتلىدى

6- بەت

خىتاي روزا ھېيتىنىمۇ تەشۋىقات ۋاستىسى سۈپىتىدە قوللاندى

24- بەت

خىتاي تېرىلغۇ يەرلەرنى ئوچۇق- ئاشكارا بۇلاڭ- تالاڭ قىلماقتا

32- بەت

ياۋروپا پارلامېنتى مەجبۇرىي ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىنى چەكلەش نىزامىنى تەستىقلىدى

66- بەت

ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنى ئېنىقلايدىغان سۈنئىي ئىدراك تېخنىكىسى ئوتتۇرىغا چىقتى

70- بەت

شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرسىز بازار، ئۇيغۇرسىز دۇكانلار كۆپەيمەكتە

78- بەت


ئىستىقلال

ISTIQLAL

## باش مۇھەررىر

ئابدۇلۋارىس
ئابدۇلخالىق



ئىنسانىيەت 21-ئەسىرگە كىرىش بىلەن تەڭ ئۇچۇر ۋە ئىنتېرنېت دەۋرىگە قەدەم قويدى. ئاخبارات، مائارىپ، ئالاقە ساھەسىدە ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. ھەرقانداق ئۇچۇر-مەلۇماتلار چاقماق تېزلىكىدە دۇنيانىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغىچە تارقاپ، كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسىگە، پىكىر-چۈشەنچىلىرىگە تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان بولدى.

خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى 70 نەچچە يىللىق ئىشغالىيىتى داۋامىدا باستۇرۇش سىياسىتىنى بىر مىنۇتمۇ توختاتماستىن ئىجرا قىلىپلا قالماي، بارلىق ئاخبارات ۋاستىلىرىنى كونترول قىلىپ، پەقەت ئۆزىنىڭ يالغان تەشۋىقاتى ئۈچۈن ئىشلەتتى. شەرقىي تۈركىستان خەلقى بولسا ئاخبارات ۋە مەتبۇئات ئەركىنلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ھوقۇقلىرىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قالدۇرۇلۇپ، سىرتقى دۇنيا بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلگەن ھالەتتە ياشىماقتا
خىتاي يېقىنقى يىللار مابەينىدە يەنە شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە سىستېمىلىق ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈش بىلەن بىرگە، غايەت زور خىراجەت ئاجرىتىپ، خەلقئارادىكى ئاخبارات، تەشۋىقات كۈچىنى كېڭەيتىشكە، بۇ ئارقىلىق ئۆز جىنايەتلىرىنى يوشۇرۇشقا، ئىنكار قىلىشقا ئۇرۇنماقتا.

ئۇيغۇرچە، تۈركچە، ئەرەبچە ۋە ئىنگلىزچە تۆت تىلدا تارقىتىلىۋاتقان «ئىستىقلال ئاۋازى» ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلىمىزدا شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتىگە ئالاقىدار مۇھىم، ئىشەنچلىك خەۋەرلەر، ئانالىزلار ۋە دوكلاتلار ئورۇن ئالغان بولۇپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى پاش قىلىش ۋە ساختا تەشۋىقاتلىرىنى ئېچىپ تاشلاشنى نىشان قىلىدۇ.

ISTIQLAL

باش مۇھەررىر
ئابدۇلۋارىس ئابدۇلخالىق

تەھرىر
ي. قۇرۇم

لايىھەلىگۈچى
سېلىن ۋەتەنداش

كارىكاتۇر
رادۋا ئادىل

نەشر قىلغۇچى ئورۇن
شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى

نەشر تۈرى
ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى

ئادرېس
Kartaltepe Mah. Geçit Sok.
No: 6 Dükkan 2 Sefaköy
Küçükçekmece İSTANBUL




14 بەت



10 بەت



50 بەت

32 بەت



6 ما شىڭرۇي خوتەنگە بېرىپ ئاتالمىش «تېررورلۇق»قا زەربە بېرىشنى تەكىتلىدى

20 ئىستانبۇلدا شەرقىي تۈركىستانلىقلار ھېيتلىشىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى

24 خىتاي روزا ھېيتىنمۇ تەشۋىقات ۋاسىتىسى سۈپىتىدە قوللاندى

28 خىتاي ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيلىرىنى مەجبۇرىي چېقىشنى داۋاملاشتۇرماقتا

38 خىتاي ئاتالمىش «جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭى»نى قايتا تەكىتلىدى

42 شەرقىي تۈركىستاندىكى قاتتىق تەقىب ئىزچىل داۋام قىلماقتا

46 قىرغىزىستان خىتاي ئەپ دېتالى TikTok نى رەسمىي چەكلىدى

54 خىتاي بۇ يىل شەرقىي تۈركىستانغا خىتاي ئاققۇنلىرىنى كۆچۈرۈشتە رېكورت ياراتقان

58 يىللىق دوكلات: خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزمەكتە

66 ياۋروپا پارلامېنتى مەجبۇرىي ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىنى چەكلەش نىزامىنى تەستىقلىدى

70 ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنى ئېنىقلايدىغان سۈنئىي ئىدراك تېخنىكىسى ئوتتۇرىغا چىقتى

74 گېرمانىيەدە يەنە بىر خىتاي جاسۇسلۇق قىلىش بىلەن ئەيىبلەندى

78 شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرسىز بازار، ئۇيغۇرسىز دۇكانلار كۆپەيمەكتە

82 خىتاي بۇ يىل شەرقىي تۈركىستانغا خىتاي ئاققۇنلىرىنى كۆچۈرۈشتە رېكورت ياراتقان




# ما شىڭرۋي خوتەنگە بېرىپ ئاتالمىش «تېررورلۇق»قا زەربە بېرىشنى تەكشۈردى



ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق» پارتىيە كومىتېتىنىڭ سېكرېتارى ما شىڭرۇي 30-مارت خوتەن ۋىلايىتىگە بارغان بولۇپ، ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتىنى كۈچەيتىشكە ئىشارەت قىلىپ، ئاتالمىش «تېررورلۇققا زەربە بېرىش»نى قايتا تەكىتلىگەن.



> **خىتاي تەشۋىقات ۋاستىلىرى ما شىڭرۇينىڭ خوتەن زىيارىتى مەخسۇس ماقالە ئېلان قىلدى.**

خىتاي خەلق تورىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ما شىڭرۇي 30-مارت خوتەنگە بېرىپ، تەكشۈرۈش جەريانىدا يەنە يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئاتالمىش «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش» باھانىسى بىلەن داۋام قىلىپ كەلگەن ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتىنى تەكىتلەپ: «شىنجاڭنى ئومۇمىيۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى چۆرىدەپ، تېررورلۇققا، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى

**خىتاي تۈرلۈك ناملار ئاستىدا ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈشنى داۋاملاشتۇرماقتا.**

كېڭەيتىش كېرەك» دەپ بىلجىرلىغان.

ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت»نىڭ ئاخبارات ئىشخانىسى ما شىڭرۇينىڭ بۇ قېتىملىق خوتەن زىيارىتى ھەققىدە مەخسۇس ماقالە ئېلان قىلغان. ماقالىدە شى جىنپىڭنىڭ بۇلتۇرقى ئۈرۈمچى زىيارىتىدە ئاتالمىش «مۇقىملىق»نى ھەممە خىزمەتنىڭ ئاساسى سۈپىتىدە قاتتىق چىڭ تۇتۇش كېرەكلىكىنى تەكىتلىگەنلىكى، بۇنىڭغا ئاساسەن «مۇقىملىق» خىزمەتلىرىنىڭ ئاجىزلاش ئەمەس، بەلكى بارغانسېرى كۈچىيىپ مېڭىۋاتقانلىقى، بولۇپمۇ شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىكى «خىزمەتلەر»گە مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىلگەنلىكى، بۇ ئارقىلىق كۆرۈنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشكەنلىكى قەيت قىلىنغان.

خىتاي ئىشغالىيەت تارىخىدىن باشلاپ شەرقىي تۈركىستان






خەلقنى ھەرخىل باھانىلەر بىلەن باستۇرۇپ كەلگەن بولۇپ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئاتالمىش «جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەش»، «جۇڭخۇا مەدەنىيىتىدىن ئوزۇقلاندۇرۇش»، «دۆلەت ئورتاق تىلىنى ئوموملاشتۇرۇش»، «تېررورلۇققا، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە زەربە بېرىش»، «ئىسلام دىنىنى خىتايچىلاشتۇرۇش»، «قۇرئان كەرىمنى سوتسىيالىزمغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ شەرھلەش» دېگەن ناملار ئاستىدا شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈپ كەلدى.

# ئىستانبۇلدا بارىن قىرغىنچىلىقىنىڭ 34 يىللىقىنى خاتىرىلەش نامايىشى ئۆتكۈزۈلدى



1990-يىلى 5-ئاپرېل يۈز بەرگەن بارىن قىرغىنچىلىقىنىڭ 34 يىللىقىنى، شېھىتلەرنى خاتىرىلەش ھەمدە خىتاينىڭ شەرقىي



تۈركىستاندا داۋام قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى، مۇبارەك رامىزان ئېيىدا شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ روزا تۇتۇشىنى چەكلەش جىنايەتلىرىنى كۆنتەرىتىپكە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئىستانبۇلدىكى خىتاي باش كونسۇلخانىسى ئالدىدا «بارىنىنى ئۇنتۇمايمىز، روزا تۇتۇشتىن ۋاز كەچمەيمىز» تېمىسىدا نامايىش ھەمدە ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىلىشى ئۆتكۈزۈلدى.

خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان بايانات ئوقۇپ ئۆتتى. باياناتتا ئالدى بىلەن بۈگۈن خاتىرىلىنىۋاتقان بارىن قەتلىئامىنىڭ 1990-يىلى 5-ئاپرېل رامىزان ئېيىدا، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاقتۇ ناھىيەسى بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەنلىكى ھەققىدە

***«بۇندىن 34 يىل بۇرۇن خىتاي بارىندا خەلقنى چوڭ-كىچىك دېمەستىن قىرغىن قىلغانىدى.»***

قىسقىچە چۈشەندۈرۈش بېرىلدى. ئارقىدىن بارىن قەتلىئامىنىڭ خىتاينىڭ رايوندا ئىجرا قىلىۋاتقان مەجبۇرىي تۇغۇت چەكلەش قاتارلىق قىلمىشلىرىغا قارشى قوزغالغان خەلق قوزغىلىڭى ئىكەنلىكى، بۇنىڭدىن جىددىيلەشكەن خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ خەلقنى قاتتىق باستۇرغانلىقى، زەيدىن يۈسۈپ باشچىلىقىدىكى ياشلارنىڭ خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە قارشى قوزغالغانلىقى، خىتاينىڭ بۇنى باھانە قىلىپ



**"خىتاينىڭ رامىزاندىكى چەكلىمە، باستۇرۇشلىرىمۇ كۆنتەرتىپكە كەلتۈرۈلدى."**

چوڭ-كىچىك دېمەستىن خەلقنى قىرغىن قىلغانلىقى، نەچچە مىڭ ياشنىڭ تۇتقۇن قىلىپ ئۆلۈم جازاسى بەرگەنلىكى بىلدۈرۈلدى.

باياناتتا يەنە خىتاينىڭ 1997-يىلىدىكى غۇلجا قەتلىئامى، 2009-يىلىدىكى ئۈرۈمچى قەتلىئامى، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستانغا تاجاۋۇز قىلغان 74 يىلدىن بېرى نەچچە مىليون شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى جازا لاگېرىغا قاماپ، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىپ، ئاشكارا ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزگەنلىكى، نۆۋەتتە پەلەستىندە يۈز بەرگىنىدەك شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى پۈتۈنلەي يوقىتىشقا ئۇرۇنۇش جىنايىتىنىڭ خەلقئارا سوتتا سوتلىنىشى كېرەكلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

باياناتنىڭ ئاخىرىدا شەرقىي تۈركىستاندا روزا تۇتۇش، ناماز ئوقۇش، قىسقىسى مۇسۇلمان

بولۇشى چەكلەنگەن 35 مىليون خەلققە ۋاكالەتەن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى، ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتى ۋە خەلقئارالىق ئاخبارات ئورگانلىرىنى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە، ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلارنى باستۇرۇش جىنايەتلىرىگە قارشى ئاۋاز چىقىرىشقا چاقىردى.

ئارقىدىن شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ رەئىسى دوتسېنت، دوكتور ئالىمجان بۇغدا سۆز قىلدى. ئۇ بۇندىن 34 يىل ئىلگىرى بارىن شېھىتلىرى ئۆزىنىڭ ئەقىدىسى، مەدەنىيىتىنى قوغداش مەقسىتىدە خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ئەزىز جانلىرىنى تەقدىم قىلغانلىقىنى، تاجاۋۇزچىنىڭ قولىدىن دۆلەتنى قايتۇرۇپ ئېلىش ئۈچۈن پىداكارلىق قىلىش، ۋاقىت ۋە كۈچ چىقىرىش كېرەكلىكىنى، خىتاي شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدە خەلقئارا جەمئىيەتنى ئالداش ئۈچۈن يالغان تەشۋىقاتىنى كۈچەيتكەنلىكىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ دەۋادا مۇستەھكەم تۇرۇشى كېرەكلىكىنى بىلدۈردى.

**خەلقئارا جەمئىيەت، جۈملىدىن ئىسلام دۇنياسى خىتايغا قارشى ئاۋاز چىقىرىشقا چاقىرىلدى.**




ئاخبارات ئېلان قىلىشتىن كېيىن يىغىلىشقا ئىشتىراك قىلغانلار بىرلىكتە ئېيتار قىلدى. يىغىلىش شېھىتلەرنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلىش بىلەن ئاياغلاشتى.

# خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى جىنايەتلىرىنىڭ «نەتىجىلىرى»نى تەشۋىق قىلماقتا





خىتاي رېجىمى خەلقئارانىڭ بېسىمى ۋە بىر قىسىم جازالارغا قارىماي، ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان بولۇپ، خىتاي تەشۋىقات ئورگانلىرى ئالدىنقى بىر پەسىلدىكى ئاتالمىش «نەتىجىلىرى»نى كۆپلەپ تەشۋىق قىلماقتا.

خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى تەشۋىقات ئورگىنى تەڭرىتاغ تورىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئالدىنقى بىر پەسىلدە ئالاتاۋ چېگرا ئېغىزى ئارقىلىق قاتنىغان خىتاي-ياۋروپا (ئوتتۇرا ئاسىيا) نۆۋەتچى پويىزى 1809 قېتىم بولۇپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 13.7% ئاشقان، ئىمپورت-ئېكسپورت قىلىنغان يۈك ساندۇقى 190 مىڭ بولۇپ، 1 مىليون 800 مىڭ توننىدىن ئارتۇق مال توشۇلغان.

ئالاتاۋ چېگرا ئېغىزىدىن

> **«خىتاي-ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىدا 1 مىليون 800 مىڭ توننىدىن ئارتۇق مال توشۇلغان.»**

ئۆتىدىغان خىتاي-ياۋروپا (ئوتتۇرا ئاسىيا) نۆۋەتچى پويىز لىنىيەسى جەمئىي 118گە يېتىپ، خىتايدىكى 26 ئۆلكىگە



تۇتاشتۇرۇلغان بولۇپ، گېرمانىيە، پولشا، ۋېنگرىيە قاتارلىق 21 دۆلەتكە بارالايدىكەن. قاچىلانغانماللار ئاپتوموبىل، ئاپتوموبىل زاپچاسلىرى، كىيىم-كېچەك، تۇرلۇك ماللار، ئېلېكترونلۇق مەھسۇلات قاتارلىق 200 خىلدىن ئارتۇق مالغا چېتىلىدىكەن

خىتاي رېجىمى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنىڭ بىر پارچىسى سۈپىتىدە مەجبۇرىي ئەمگەكنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇۋاتقان بولۇپ، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى تەستىقلاپ ئىجرا قىلىۋاتقان «ئۇيغۇر




مەجبۇرىي ئەمگەكنى چەكلەش قانۇنى»غا ئاساسەن، شەرقىي تۈركىستاندىن چىققان بارلىق مەھسۇلاتلار مەجبۇرىي ئەمگەك مەھسۇلاتى، دەپ قارىلىپ كەلمەكتە. ھالبۇكى، مەزكۇر ماللار توسالغۇسىز ھالدا ئاسىيا، ياۋروپا ئەللىرىگە داۋاملىق توشۇلماقتا.

**شەرقىي تۈركىستاندىكى كۆمۈر بايلىقىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىش تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيەگە يەتكەن.**

تەڭرىتاغ تورىنىڭ يەنە بىر خەۋىرىدە بۇ يىل 1-پەسىلدە شەرقىي تۈركىستانغا بارغان ساياھەتچىنىڭ 41 مىليون 13 مىڭغا يەتكەنلىكى، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 15.88% ئاشقانلىقى، بىر پەسىللىك ساياھەت كىرىمىنىڭ 43 مىليارد 744 مىليون يۈەن بولغانلىقى قەيت قىلىنغان.

ختاي يېقىنقى بىر نەچچە يىلدا زور خىراجەت ئاجرىتىپ، شەرقىي تۈركىستاندا

كۆپلىگەن ساياھەت نۇقتىلىرىنى تەسىس قىلغانىدى. بۇ ئارقىلىق بىر تەرەپتىن غايەت زور كىرىم قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى پەردازلاشقا، خىتاي ئاقىۇنلىرىنى شەرقىي تۈركىستانغا جەلپ قىلىشقا ئۇرۇنغانىدى. شەرقىي تۈركىستاندىكى ساياھەتچىلىك ئالاقىدار دوكلاتلاردا «ئىرقىي قىرغىنچىلىق ساياھىتى» دەپ سۈپەتلەنگەن بولۇپ، خەلقئارا جەمئىيەت ۋە ساياھەت شىركەتلىرى بۇ ھەقتە ئاگاھلاندۇرۇلغانىدى.

بۇلاردىن باشقا، تەڭرىتاغ تورىنىڭ يەنە بىر خەۋىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇ يىل تۇنجى پەسىلدە خىتاي ئېنېرگىيە گۇرۇھى ئاتالمىش «شىنجاڭ» ئېنېرگىيە چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى شەرقىي تۈركىستاندىن بۇلاڭ-تالاڭ قىلىپ، خىتايغا توشۇغان كۆمۈر مىقدارى 5 مىليون 32 مىڭ توننىغا يەتكەن بولۇپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 66.8% ئاشقان ۋە تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلغان.

يېقىندىن ياسالغان ۋە ياسىلىۋاتقان تاشيول-تۆمۈريول بىرلەشمە ترانسپورت نۇقتىلىرى بۇلاڭ-تالاڭ سۈرئىتىنى تېخىمۇ تېزلەشتۈرگەن.



شەرقىي تۈركىستاندىكى غايەت زور تەبىئىي بايلىق ۋە ئېنېرگىيە مەنبەسى خىتاي ئىقتىسادى ئۈچۈن ھەل قىلغۇچ رول ئويناۋاتقان بولۇپ، خىتاي رېجىمى ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى كۈچەيتىشكە ماس ھالدا، بۇلاڭ-تالاڭ كۆلىمى ۋە سۈرئىتىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرماقتا.

**“شەرقىي تۈركىستاندىكى كۆمۈر بايلىقىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىش تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيەگە يەتكەن.**



# ئىستانبۇلدا شەرقىي تۈركىستانلىقلار ھېيتلىشىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى



دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستان خەلقى بۇ يىلمۇ روزا ھېيتنى تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن تەبرىكلىگەن بولۇپ، 2-ئاپرېل ئىستانبۇلنىڭ كۈچۈكچەكمەجە سەفاكۆي رايونىدا شەرقىي تۈركىستانلىقلار بىرلەشمە ھېيتلىشىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى.

ھېيتلىشىش پائالىيىتىنى تۈركىيەدە پائالىيەت قىلىۋاتقان خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى، شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەقفى، شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتى، شەرقىي تۈركىستانلىقلار فېدېراتسىيەسى، ئىلى مەشرەپ ئۇيغۇر ۋەقفى

**يىغىلىش تۈركىيەدىكى بارلىق شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ ھەمكارلىقىدا ئۆتكۈزۈلدى.**



**ھەرقايسى تەشكىلات مەسئۇللىرى ئايرىم-ئايرىم سۆز قىلدى.**

قاتارلىق كۆپلىگەن جەمئىيەت ۋە تەشكىلاتلار بىرلىكتە تەشكىللىگەن بولۇپ، نەچچە مىڭلىغان شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئىشتىراك قىلدى.

پائالىيەت قۇرئان تىلاۋىتى بىلەن باشلانغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان سۆز قىلىپ، بۇ قېتىملىق پائالىيەتنىڭ تۈركىيەدە پائالىيەت قىلىۋاتقان بارلىق شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ ھەمكارلىقىدا ئۆتكۈزگەنلىكىنى ئالاھىدە تىلغا ئالدى ۋە مۇستەقىللىق دەۋاسىدا بارلىق شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى مەركەز قىلغان ھالدا ئىتتىپاقلىشىپ، بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىش كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى.

ئارقىدىن شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار



بىرلىكىنىڭ رەئىسى دوكتور ئالىمجان بۇغدا، د ئۇ ق ۋەقفىنىڭ رەئىسى ئابدۇرېشىت ئابدۇلھەمىد، شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتىنىڭ




رەئىسى ئېلى سالىھ، شەرقىي تۈركىستانلىقلار فېدېراتسىيەسى رەئىسى مەھمۇد داموللام، ئىلى مەشرەپ ئۇيغۇر ۋەقفى رەئىسى ئىمىنجان فىردەۋس ۋە جامائەت ئەربابى ئابدۇقادىر ياپچان قاتارلىقلار ئايرىم-ئايرىم سۆز قىلدى.

پائالىيەت خىتاينىڭ ھالاكىتى، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئىستىقلالى ئۈچۈن بىرلىكتە دۇئا قىلىش ۋە باللارغا ھېيتلىق تارقىتىپ بېرىش بىلەن ئاياغلاشتى.

# خىتاي روزا ھېيتىنىمۇ تەشۋىقات ۋاستىسى سۈپىتىدە قوللاندى



شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈۋاتقان، روزا



تۇتۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ئىبادەتلەرنى چەكلىگەن خىتاي رېجىمى بۇ يىلمۇ روزا ھېيت كۈننى ساختا تەشۋىقات قورالى سۈپىتىدە ئىشلەتتى.

شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي تەشۋىقات ئورگىنى تەڭرىتاغ توربىدا ئېلان قىلىنغان خەۋەردە، ئۇيغۇرلار بىلەن خىتايلارنىڭ «روزا ھېيتنى بىرلىكتە تەبرىكلىگەنلىكى، بىللە تاماق يەپ، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينىغانلىقى، روزا ھېيتتا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ نامايان قىلىنغانلىقى» قاتارلىق يالغان سەھنە كۆرۈنۈشلىرى تەسۋىرلەنگەن.

خىتاي يەنە روزا ھېيت مەزگىلىگە ئۇدۇللاپ، شەرقىي تۈركىستاندا ئاتالمىش «يىپەك يولى ئىقتىسادىي بەلبېغىنى

**ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان خەلق ھېيت خۇشاللىقىدىن مەھرۇم قالدى.**



ئورتاق قۇرغۇچى دۆلەتلەر تاراتقۇ مەسئۇللىرى تەتقىقات يىغىنى» ئورۇنلاشتۇرغان بولۇپ، پاكىستان، بەھرەين، ئاۋستىرالىيە، كانادا قاتارلىق 21 دۆلەتتىن كەلگەن ئاخبارات خادىملىرىنى تەكلىپ قىلغان. يىغىندىن كېيىن روزا ھېيت كۈنى ئۇلارنى قەشقەرگە ئاپىرىپ، ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ئالدىدا ئۇيغۇرلارنىڭ «ناخشا-ئۇسسۇل بىلەن خۇشال-خۇرام ھېيت ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقى»دەك ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان ساختا كۆرۈنۈشلەرنى كۆرسىتىپ، كۆز بويىغان.

خىتاي رېجىمى شەرقىي

ئېلىش بېكىتىلگەن باشقا خىتاي بايراملىرى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما بولغان.

ئۇندىن باشقا، ھەتتا خىتاي تەشۋىقاتى ئۈچۈن قالدۇرۇپ قويۇلغان ئاتالمىش «ئىسلام جەمئىيىتى»نىڭ تور بېتىدىمۇ رامىزان ئېيىغا ۋە روزا ھېيتقا ئالاقىدار ھېچقانداق مەزمۇن ئېلان قىلىنمىغان.

> **21 دۆلەتتىن كەلگەن ئاخبارات خادىملىرى خىتاينىڭ ساختا تەشۋىقاتىغا ماسلاشتى.**



تۈركىستاندا روزا ھېيت ئۈچۈن پەقەت بىر كۈن ئارام ئېلىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش تارقاتقان بولۇپ، ئۇيغۇرلارغا مەجبۇرىي تېڭىلىۋاتقان، ئۈچ كۈندىن بىر ھەپتىگىچە دەم



# خىتاي ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيلىرىنى مەجبۇرىي چېقىشنى داۋاملاشتۇرماقتا



خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر مىللىي ئۇسلۇبدا سېلىنغان ئۆيلەرنى ئاتالمىش «كونا ئولتۇراق رايونلارنى ئۆزگەرتىش» باھانىسى بىلەن چېقىپ ئۆزگەرتىش جىنايىتىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرماقتا.

14-ئاپرېل ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا تارقالغان سىنلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، خىتاي رېجىمى بۇ يىلمۇ شەرقىي تۈركىستاندا ئاتالمىش «خەتەرلىك كونا ئۆيلەرنى ئۆزگەرتىش» نامىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيىنى مەجبۇرىي چېقىشنى داۋاملاشتۇرغان.

ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدا تارقالغان سىنلاردا قەشقەر ۋىلايىتى پەيزىۋات ناھىيەسىدىكى مەجبۇرىي چېقىلغان ئۆينىڭ ئەسلى كۆرۈنۈشى، چېقىلىۋاتقان پەيتلىرى،



چېقىپ بولغاندىن كېيىنكى خارابىلىكلەر كۆرسىتىلگەن. مەجبۇرىي چېقىلغان ئۆيلەر ھەرخىل گۈزەل نەقىشلەر ۋە ئويمىلار بىلەن مىللىي ئۇسلۇبتا بېزەلگەن، كۆركەم سىرلانغان بولۇپ، ئۆينىڭ سېلىنغىلى تېخى ئۇزاق بولمىغانلىقى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدىكەن. ھەتتا ئۆينىڭ تۈۋرۈكلىرىمۇ ئويما تۈۋرۈك بولۇپ، ئۆينىڭ تام ۋە تورۇس ۋە لىملىرىنىڭ بېشىغا نەقىش ئويۇلغان. مەزكۇر سىنلار ختاي رېجىمىنىڭ يېڭى سېلىنغان ئۆيلەرنىمۇ مەجبۇرىي چاققانلىقىنى، ئاتالمىش «كونا، ئاجىز ئۆيلەرنى يېڭىلاپ سېلىش» شوئارلىرىنىڭ پۈتۈنلەي باھانە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەرمەكتە.

ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا تارقالغان يەنە بىر نەچچە سىندا بولسا، ختاينىڭ قومۇل ۋە غۇلجىدىكى ئۇيغۇر دېھقانلارنىڭ يەرلىرىنى يەر ئىگىلىرىگە

**_زۇلۇمغا چىدىمىغان ئۇيغۇرلار خەتەرگە قارىماي ياردەم سورىماقتا._**

**خىتاي ئاققۇنلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ باغ، ئېتىزلىرىنى خالىغانچە ۋەيران قىلماقتا.**

خەۋەرمۇ قىلىپ قويماستىن تارتىۋېلىپ، خىتاي ئاققۇنلىرىغا بېرىۋەتكەنلىكى كۆرسىتىلگەن بولۇپ، بۇلارنى سىنىغا ئالغان، ئۆز دەردىنى ھېچقانداق يەرگە ئاڭلىتالمىغان قۇمۇللۇق ئۇيغۇر ئايال بېشىغا ھەرقانداق بالا كېلىشىگە پەرۋامۇ قىلماستىن، خىتاينىڭ سىن ھەمبەھرىلەش سۇپىسى دوۋيىندا «بۇ ناھەقچىلىككە ئىگە چىقىدىغانلار يوقمۇ» دەپ ئېچىنىشلىق نالە قىلغان.

بۇندىن بىر ھەپتە بۇرۇن غۇلجا ناھىيە بايتوقاي كەنتى چىغلىق مازار كەنتىدىمۇ خىتاي رېجىمىنىڭ بارلىق دېھقانلارنىڭ يەرلىرىنى رۇخسەتسىز تارتىۋېلىپ، خىتاي ئاققۇنلىرىغا بېرىۋەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ سىن كۆرۈنۈشلىرىمۇ غۇلغۇلا قوزغىغانىدى. ئۆتكەن



ئايدىمۇ شۇۋىسىدىن ئاقسۇلۇق ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلغىلى بولىدىغان بىر ئۇيغۇر ئايال دەردلىك نالە قىلغان بىر سىن تارقالغان بولۇپ، بىر خىتاي ئاققۇننىڭ ئۇنىڭ ياڭاق دەرەخلىرىگە




ئوت قويۇۋەتكەنلىكى كۆرستىلگەندى.

خىتاي رېجىمى يېقىنقى يىللار مابەينىدە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى زور كۆلەمدە تۈرمە ۋە جازا لاگېرلىرىغا قاماپ، ھەرخىل ۋاستىلەر بىلەن ئىسلامىي، مىللىي قىممەت قاراشلىرىدىن، ئۆز كۈلتۈرىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇرلاپ، نارازىلىق بىلدۈرگەنلەرنى كۆزدىن يوقىتىش بىلەن بىرگە، ئۇيغۇر-ئىسلام ئۇسلۇبىدا سېلىنغان ئۆيلەرنى، ھويلا-ئاراملارنى تۈرلۈك باھانىلەر بىلەن مەجبۇرىي چېقىشقا باشلىغانىدى. تارقالغان سىنلار خىتاينىڭ بۇ يىلمۇ مەزكۇر رەزىل پىلانىنى داۋاملىق كۈچەپ ئىجرا قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرستىپ بەرمەكتە.

# خىتاي تېرىلغۇ يەرلەرنى ئوچۇق
# ئاشكارا بۇلاڭ-تالاڭ قىلماقتا



خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ھەر جەھەتتىن بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشنى كۈچەيتكەن بولۇپ، يېقىندىن بېرى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرىنى خىتاي



"

**ئۇيغۇرلاردىن تارتىۋېلىنغان ئېتىزلار خىتاي ئاققۇنلىرىغا بۆلۈپ بېرىلمەكتە.**

ئاققۇنلىرىغا بۆلۈپ بېرىش ئەھۋالى تېخىمۇ ئومۇملاشقان. شەرقىي تۈركىستانغا كۆچۈپ بېرىپ تېرىلغۇ يەرگە ئېرىشكەن خىتاي ئاققۇنلىرى باشقا خىتايلارنى شەرقىي تۈركىستانغا كۆچۈپ كېلىپ يەر ئېرىشقا تەشۋىق قىلماقتا.

ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا تارقالغان سىنلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئىشغالىيەتچى خىتاي رېجىمى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرىنى ھەرخىل باھانىلەر بىلەن بۇلاڭ-تالاڭ قىلىپ، خىتاي ئاققۇنلىرىغا بۆلۈپ بېرىش

> **خىتاي تەشۋىقاتى: «يىلىغا سەككىز مىليون پۇل تېپىشىڭىزغا كاپالەتلىك قىلىدۇ»**

ھەرىكىتىنى كېڭەيتكەن.

مەزكۇر سىندا بىر خىتاي ئاققۇن باشقا خىتايلارنى شەرقىي تۈركىستانغا كۆچۈپ كېلىپ يەر تېرىپ، پۇل تېپىشقا چاقىرىپ: «كۆپلەپ پۇل تېپىشنى ئويلىغان بولسىڭىز شىنجاڭغا كۆچۈپ كېلىپ يەر تېرىڭ، يىلىغا سەككىز مىليون پۇل تېپىشىڭىزغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. زىيان تارتىشتىن قورقامەن دەمسىز؟ بۇ مۇمكىنمۇ؟ بۇ يەردە يەر تېرىسىڭىز يېتەرلىك مىقداردا ھەقسىز خىمىيەۋى ئوغۇت، ئۇرۇق بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەت قىلىدۇ. ئېتىزلىقنى ئوت بېسىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ كېتىشىڭىز ھاجەتسىز، ئوت-چۆپ يوقىتىش دورىسى بىر تال ئوتنى ئۈندۈرمەيدۇ. يەر ئىجارە بېرىش توختىمىدىن ئەنسىرەپ كەتمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. سىزگە ئۆلچەملىك يېزىلغان توختامنى بېرىدىغان بولۇپ، ئىمزا قويسىڭىزلا بولىدۇ. سۇدىن ئەنسىرىمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، سىزگە يەر سۇغىرىدىغان سۇ ئامبىرى تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىدۇ. يىل ئاخىرى پاختا باھاسىنىڭ ئېگىز-پەس بولۇپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلمىسىڭىزمۇ



بولىدۇ. سىزگە ياخشى بولسۇن دەپ، باھانىڭ مۇقىم بولۇشى ھەققىدە كاپالەتنامە بېرىدۇ. سىزنى ئازراقمۇ زىيان تارتقۇزمايدۇ» دېگەن.

خىتاي شەرقىي تۈركىستاننى خىتايلاشتۇرۇش رەزىل مەقسىتىدە، شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەر قايسى ۋىلايەت، شەھەر ۋە ئوبلاستلار تەشۋىقات ۋاستىلىرى ئارقىلىق ھەرخىل ناملاردا خىتاي ئۆلكىلىرىدىن خىتاي ئاققۇنلىرىنى تەكلىپ قىلىپ، شەرقىي تۈركىستانغا يەرلەشتۈرۈش ھەرىكىتىنى ئالاھىدە تەشۋىق قىلىپ كەلمەكتە.

بۇندىن ئىلگىرى تارقالغان سىنلاردىمۇ خىتايلار شەرقىي تۈركىستانغا يەرلىشىشكە چاقىرىلىپ، ئاققۇنلارغا ھەقسىز يەر، ھەقسىز ئۆي، ئۆسۈمسىز قەرز، زور مىقداردا ياردەم پۇلى تەمىنلىنىدىغانلىقى تەشۋىق قىلىنغانىدى.

يېقىنقى يىللاردا خىتاي






**ئۇيغۇرلار بولسا سۈرگۈن قىلىنىپ، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنماقتا.**

شەرقىي تۈركىستاندا ئالدى بىلەن يېزا-كەنتلەردىكى دېھقانلارنى ھەرخىل ۋاستىلەر بىلەن تېرىلغۇ يەرلىرىنى ھەمكارلىق كوپىراتىپىغا بېرىشكە مەجبۇرلىغان. ئاندىن يەرلىرىدىن ئايرىلغان دېھقانلارنى ئاتالمىش «ئېشىنچا ئەمگەك كۈچى» قاتارىغا كىرگۈزۈپ، ئۇلارنى «ئېشىنچا ئەمگەكچىلەرنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش» نامىدا ختاي ئۆلكىلىرىگە سۈرگۈن قىلىشقا شارائىت ھازىرلىغان. ئارقىدىن



ھەر خىل ناملار بىلەن شەرقىي تۈركىستانغا خىتاي ئاققۇنلىرىنى يەرلەشتۈرگەن.

كۆزەتكۈچىلەر خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى باستۇرۇش، كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلىش، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش، سۈرگۈن قىلىش قاتارلىق ۋاستىلەر بىلەن ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈپ، شەرقىي تۈركىستان زېمىنىنى تولۇق يۇتۇۋېلىش، پۈتۈنلەي خىتايلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت رەزىل مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، ئالاھىدە يۇقىرى تەمىناتلار، تۈرلۈك ناملار بىلەن خىتاي ئاققۇنلىرىنى كۆچۈرۈپ كېلىش ھەرىكىتىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈشمەكتە.

# خىتاي ئاتالمىش «جۇڭخۇا مىللىتى
# ئورتاق گەۋدىسى ئېڭى»نى قايتا تەكىتلىدى



ختاي شەرقىي تۈركىستاندا ئېچىلغان ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق» 10-نۆۋەتلىك كومىتېتى 11-ئومۇمىي يىغىنىدا ئاتالمىش



«جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەش»نى ئالاھىدە تەكىتلەش ئارقىلىق، شەرقىي تۈركىستاندا داۋاملىشىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى داۋاملىق ئىجرا قىلىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلدى.

ختاي تەشۋىقات ئورگىنى ئاتالمىش «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ خەۋەر قىلىشىچە، ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق» پارتىيە كومىتېتىنىڭ سېكرېتارى ما شىڭرۇي 15-ئاپرېل ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق»10 -نۆۋەتلىك كومىتېتى 11-ئومۇمىي يىغىنىدا «جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەش كېرەك» دېگەن ئىبارىلەرنى تەكىتلىگەن.

**“ ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى *داۋاملىق ئىجرا* قىلىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلدى.**

ما شىڭرۇي يىغىندا يىللاردىن بېرى شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىپ كېلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتىنىڭ مەنبەسىنى تەكىتلەپ: «شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇشنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق مەنىۋى ماكانىنى بەرپا قىلىپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەشنىڭ ئىدىيەۋى ئاساسىنى

**“**

**خىتاي ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىنى تۈرلۈك ناملاردا پەردازلىماقتا.**

ئۆزلۈكسىز پۈختىلاپ، قەلبتىن ئېتىراپ قىلىشنى كۆچەيتىشنى نىشان قىلىش كېرەك» دەپ بىلجىرلىغان.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت، شەھەر ۋە ئوبلاستلاردىن كېلىپ يىغىنغا قاتناشقان قورچاق ئەمەلدارلار ئاتالمىش «جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەش»تىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي لىنىيەنى تۈرلۈك خىزمەتلەرگە سىڭدۈرۈش كېرەكلىكىنى تەكىتلەشكەن.

خىتاي ئىشغالىيەت تارىخىدىن باشلاپ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ھەرخىل باھانىلەر بىلەن باستۇرۇپ





كەلگەن بولۇپ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئوچۇق-ئاشكارا ھالدا ئاتالمىش «جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەش»، «جۇڭخۇا مەدەنىيىتىدىن ئوزۇقلاندۇرۇش» نامى ئاستىدا ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزمەكتە. شۇنداقلا خىتاي مەدەنىيىتىنى مەجبۇرىي تېڭىش بىلەن بىرگە، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىنى، مەدەنىيىتىنى بۇرمىلاش، ئۆزگەرتىش، يوقىتىش پىلانلىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ ئىجرا قىلماقتا.


خىتاي ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي كىملىكىنى ئۇنتۇلدۇرۇش، تارىخىنى بۇرمىلاش پىلانى بويىچە، بۇ يىل يىل بېشىدا ئاتالمىش «شىنجاڭ مۇزېيى»نىڭ كۆلىمىنى ئەسلىدىكىدىن ئۈچ ھەسسىگە يېقىن كېڭەيتىپ سالغان. 2-قارارلىق يېڭى سارايدا

**“**

**خىتاي شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ كىملىكىنى، تارىخىنى يوقىتىشقا قاتتىق كۈچىمەكتە.**

ئاتالمىش «شىنجاڭ تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كۆرگەزمىسى» يېڭىدىن تەسىس قىلىنغان. مەزكۇر كۆرگەزمىگە شەرقىي تۈركىستاننىڭ «ئەزەلدىن خىتاينىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكى»دەك بۇرمىلانغان تارىخنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش مەقسەت قىلىنغان 1500 دىن ئارتۇق ئاتالمىش «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» قويۇلغان.

# شەرقىي تۈركىستاندىكى قاتتىق
# تەقىب ئىزچىل داۋام قىلماقتا



خىتاي گەرچە خەلقئارا جەمئىيەتكە قارىتا شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتىنىڭ نورماللاشقانلىقى ھەققىدە كۆز بوياشقا ئۇرۇنۇپ كەلگەن بولسىمۇ، بىراق شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان قاتتىق تەقىب ۋە تۇتقۇن قىلىش جىنايەتلىرى داۋاملىق پاش بولماقتا.

بىر نەچچە كۈن ئىلگىرى ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدا تارقالغان بىر سىن خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنىڭ، قاتتىق نازارەت سىستېمىسىنىڭ ئىزچىل داۋام قىلىۋاتقانلىقىنى ئاشكارىلىدى.

مەزكۇر سىن خوتەن ۋىلايىتى كېرىيە ناھىيەسىدىن تارقىتىلغان بولۇپ، سىندا شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا خىتاينىڭ زور تۈركۈمدە ئاتالمىش

***«خىتاي بىر تەرەپتىن نازارەتنى، بىر تەرەپتىن كۆز بوياشنى داۋاملاشتۇرماقتا.***






**هەر 20-25 مېتىردا بىر ساقچىغا مەلۇم قىلىش پونكىتى**

«ئامانلىق ساقلاش پونكىتى»نى تەسىس قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى داۋاملىق باستۇرۇۋاتقانلىقى مەلۇم بولغان. سىننى كېرىيەگە ساياھەتكە بارغان بىر خىتاي تارقاتقان بولۇپ، ساياھەتچى خىتاي يول ياقىسىغا تەسىس قىلىنغان ئاتالمىش «خەلققە قولايلىق» ساقچى پونكىتلىرىنى كۆرسىتىپ: «شىنجاڭنىڭ ئامانلىقى نېمىدېگەن ياخشى» دەپ، ئۆزىنىڭ خۇشاللىقىنى ئىپادىلىگەن. خىتاي سۆزىدە يەنە



يولنىڭ دوقمۇشلىرىدا ساقچى پونكىتى بولغاندىن باشقا، ھەر 20-25 مېتىر ئارىلىقتا بىر ساقچىغا ئۇچۇر يوللاش ۋە مەلۇم قىلىش پونكىتلىرىنىڭ تەسىس قىلىنغانلىقىنى، ھەر يەردە ئالاھىدە ساقچى خادىملىرىنىڭ




بىرونېۋىكلار بىلەن ۋەزىپە ئۆتەۋاتقانلىقىنى ئاشكارىلاپ، باشقا خىتايلارنى شەرقىي تۈركىستانغا خاتىرجەم كۆچۈپ كېلىشكە تەشۋىق قىلغان.

خىتاي يىللاردىن بېرى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى قاتتىق تەقىب قىلىپ، كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىپ، جازا لاگېرى ۋە تۈرمىلەر سولاپ، ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزمەكتە. ئامېرىكا مالىيە مىنىستىرلىقى 2021-يىلى 12-ئايدا بايانات ئېلان قىلىپ، 2016-يىلىدىن باشلاپ خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قارىتىلغان بىخەتەرلىك ۋە نازارەت قىلىش تەدبىرلىرىنى كۈچەيتكەنلىكىنى، بۇ خىل باستۇرۇش سىياسىتىنىڭ تۈرتكىسىدە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى رايونلىرىغا مىڭلىغان بىخەتەرلىك كامېراسى، ساقچى پونكىتى تەسىس قىلىنغانلىقىنى، ساقچى پونكىتىدا ئورنىتىلغان بىيولوگىيەلىك پەرقلەندۈرۈش ئۈسكۈنىسى ئارقىلىق ئۇچۇر توپلاش ۋاستىلىرى بىلەن، خەلقنى قاتتىق نازارەت قىلغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى.

**خىتاي تەقىب ۋە نازارەت قىلىشتا ئىلغار ئۈسكۈنىلەرنى ئىشلەتمەكتە.**

# قىرغىزستان خىتاي ئەپ دېتالى TikTok نى رەسمىي چەكلىدى





قىرغىزستان ھۆكۈمىتى خىتاينىڭ قاتتىق تەنقىدكە ئۇچراپ كېلىۋاتقان داڭلىق ئىجتىمائىي ئالاقە ئەپ دېتالى TikTok نى چەكلەش قارارىنى ئېلان قىلدى.

ھۆرىيەت تورنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، قىرغىزستاندىكى ئىجتىمائىي تاراتقۇ ئىشلەتكۈچىلىرى 18-ئاپرېلدىن باشلاپ TikTok نى

ئىشلىتەلمەيدىكەن. قىرغىزستان رەقەملىك تەرەققىيات مىنىستىرلىقىنىڭ بۇ ھەقتە ئېلان قىلغان باياناتىدا، دۆلەت بىخەتەرلىك كومىتېتى تور مۇلازىمىتى

بىلەن تەمىنلىگۈچى ئورگانلارغا مەكتۇپ ئەۋەتىپ، دۆلەت ئىچىدە TikTok ئىشلىتىشنى



چەكلەش قارارىنى ئۇقتۇرغان.

بىلدۈرۈلۈشىچە، قىرغىزىستان مەدەنىيەت، ئالاقە، تەنتەربىيە ۋە ياشلار مىنىستىرلىقى 2023-يىلى 8-ئايدا TikTok نى چەكلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن بولۇپ، قىرغىزىستان ھۆكۈمىتى كۆپلىگەن ھۆكۈمەتسىز تەشكىلاتلارنىڭ TikTok نىڭ باللارنىڭ پسىخىك يېتىلىشى ۋە سالامەتلىكىگە پاسسىپ تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى توغرىسىدىكى بىر قاتار ئەرزلىرىنى قوبۇل قىلغان ھەمدە بۇنىڭغا ئاساسەن TikTok تىكى مەزمۇنلارنى تەكشۈرگەن. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە TikTok نىڭ ھەقىقەتەن باللارنىڭ سالامەتلىكى ۋە تەرەققىياتىغا زىيان يەتكۈزىدىغان ئۇچۇرلارغا ئېرىشىشنى چەكلىمەيدىغانلىقى ھەمدە TikTok تا ئۇچۇرغا ئېرىشمەكچى بولغاندا، ياش قۇرامىغا ئاساسەن كونترول قىلىدىغان ئىقتىدارنىڭ يوق ئىكەنلىكى بايقالغان.

**“**

***قىرغىزىستان ھۆكۈمىتى ئىلگىرى TikTok ھەققىدە كۆپلىگەن شىكايەتلەرنى تاپشۇرۇۋالغان.***



**خىتاي ئەپ دېتالى *TikTok* بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پاسسىپ تەسىر كۆرسەتمەكتە.**

شۇنىڭ بىلەن ھۆكۈمەت رەقەملىك تەرەققىيات مىنىستىرلىقىغا بۇ قارارنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن ئىلتىماس سۇنغان بولۇپ، خەلقنىڭ تەلپىگە ئاساسەن مىنىستىرلىق TikTok نىڭ قىرغىزىستاندىكى مۇلازىمىتىنى




ئاخىرلاشتۇرۇشنى قارار قىلغان.


بۇ ھەقتە ئېلان قىلىنغان قاراردا TikTok نى چەكلەش قارارىنىڭ سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈشى يوق ئىكەنلىكى، بۇ تەدبىر پەقەت بالىلارنىڭ ئەخلاق تەربىيەسىگە پاسسىپ تەسىر كۆرسىتىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ پسىخىكا ساغلاملىقىغا زىيان يەتكۈزىدىغان ئۇچۇرلاردىن قوغداشنى مەقسەت قىلغانلىقى تەكىتلەنگەن.

# ئامېرىكا فىلىپپىنغا باشقۇرۇلىدىغان بومبا سىستېمىسى ئورۇنلاشتۇردى



ئامېرىكا فىلىپپىنغا قۇرۇقلۇقتىن زەربە بېرىدىغان يېڭى تىپتىكى باشقۇرۇلىدىغان بومبا سىستېمىسى «تايفون»نى ئورۇنلاشتۇرغان بولۇپ، بۇنىڭ خىتايىنى چەكلەش مەقسىتىدە ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلمەكتە.

BBC نىڭ 19-ئاپرېل خەۋەر قىلىشىچە،



ئامېرىكا ئارمىيەسى يېقىندا قۇرۇقلۇقتىن زەربە بېرىدىغان باشقۇرۇلىدىغان بومبا قويۇپ بېرىش سىستېمىسىنى فىلىپپىننىڭ شىمالىغا ئورۇنلاشتۇرغان. بۇ زەربە بېرىش سىستېمىسى «تايفون» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، مەزكۇر ئوتتۇرا مۇساپىلىك قۇرۇقلۇقتىن زەربە بېرىدىغان باشقۇرۇلىدىغان بومبا قويۇپ بېرىش سىستېمىسى نۆۋەتتە داۋام قىلىۋاتقان ئىككى ھەپتىلىك «كۈچلۈك قالقان-24»

**باشقۇرۇلىدىغان بومبا سىستېمىسىنى فىلىپپىننىڭ شىمالىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.**




**خىتاي بىلەن فىلىپپىننىڭ سۈركىلىشى بارغانسېرى كۈچەيمەكتە.**

بىرلەشمە مانېۋىرغا قاتناشتۇرۇلماقتىكەن.

بۇ، قۇرۇقلۇقنى ئاساس قىلغان يېڭى تىپتىكى باشقۇرۇلىدىغان بومبا سىستېمىسىنىڭ تۇنجى قېتىم «بىرىنچى ئارال زەنجىرى»دە ئورتتۇرىغا چىقىشى بولۇپ، باشقۇرۇلىدىغان بومبىنىڭ مۇساپىسى 2000 كىلومېتىردىن ئاشىدىكەن، خىتاينىڭ شەرقىي جەنۇبى، دېڭىز بويى رايونلىرى ۋە سەزگۈر رايونلار بولغان جەنۇبىي دېڭىز ۋە تەيۋەن بوغۇزى رايونىغا زەربە بېرەلەيدىكەن. مۇتەخەسسىسلەر بۇ سىستېمىنى خىتايغا ئاگاھلاندۇرۇش بولۇش بىلەن بىرگە، ئامېرىكىنىڭ ھىندى-تىنچ ئوكيان رايونىدىكى ھەربىي مۇداپىئە ئىقتىدارى




ھەققىدە بېرىلگەن سىگنالى، دەپ قارىغان.

ئامېرىكىنىڭ بۇ ھەرىكىتىگە قارىتا، خىتايمۇ دەرھال يۇقىرى دەرىجىلىك قايتۇرما ھۇجۇم سىگنالىنى ئېلان قىلىپ، كۇبا ھەربىي رەھبەرلىرى بىلەن بېيجىڭدا ھەربىي سۆھبەت ئۆتكۈزگەنلىكىنى ئېلان قىلغان. بۇ ھالەت ئامېرىكا-فىلىپپىن-خىتاي ئوتتۇرىسىدىكى ئۆچبۇرجەك مۇناسىۋەتنىڭ كەسكىنلەشكەنلىكىنىڭ نامايەندىسى ئىكەن.

تەتقىقاتچىلار «تايفون» قورال سىستېمىسىنىڭ ئوتتۇرا مۇساپىلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبا شەرتنامىسى دەۋرىدىكى ئۇرۇش ئىقتىدارى ئىكەنلىكىنى، ئېغىر تېپىلىق توشۇش ئايروپىلانى ئارقىلىق توشۇشقا بولىدىغانلىقىنى، ھەمدە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە جەڭ رايونلىرىغا ئورۇنلاشتۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

# خىتاي بۇ يىل شەرقىي تۈركىستانغا خىتاي ئاققۇنلىرىنى كۆچۈرۈشتە رېكورت ياراتقان

ئىشغالىيەتتىكى شەرقىي تۈركىستاننى پۈتۈنلەي خىتايلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئاتالمىش «غەربىي رايون پىلانى» نامدا خىتاي ئۆلكىلىرىدىن كۆچۈرۈپ كېلىنگەن خىتاي ئاققۇنلىرىنىڭ ساندا بۇ يىل يېڭى رېكورت يارىتىلغان.

خىتاي تەشۋىقات ئورگىنى خەلق تورىنىڭ 21-ئاپرېل خەۋەر قىلىشىچە، 2024-يىلى خىتاي ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئاتالمىش «غەربىي رايون پىلانى بويىچە پىدائىيلارنى قوبۇل قىلىش» نامدا شەرقىي تۈركىستانغا كۆچۈرۈپ كەلگەن ئاققۇنلارنىڭ سانى






زور دەرىجىدە ئاشقان بولۇپ، بۇ يىل، مەزكۇر تۈر يولغا قويۇلغاندىن بۇيانقى شەرقىي تۈركىستانغا كۆچۈرۈلگەن ختاي ئاققۇنلىرىنىڭ سانى ئەڭ كۆپ بولغان بىر يىل بولغان.

ختاي تەشۋىقات ۋاستىلىرىنىڭ خەۋىرىدە 2024-يىللىق ئاتالمىش «غەربىي رايون پىلانى»غا تىزىملىتىشنىڭ جىددىي داۋاملىشىۋاتقانلىقى، 2024-يىلى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ياكى ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتالمىش «غەربىي رايون پىدائىيلىرى» پىلانىغا تىزىملاتسا بولىدىغانلىقى، ئۇندىن باشقا ختاينىڭ ئاتالمىش «شىنجاڭ كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى» ئۈندىدار

**“**

***ختاي ئاققۇنلىرى «پىدائىيلار» نامىدا كۆچۈرۈپ كېلىنمەكتە.***



**خىتاي ئاققۇنلىرىغا ھەقسىز يەر، ھەقسىز ئۆي، ئۆسۈمسىز قەرز، زور مىقداردا ياردەم پۇلى تەمىنلەنمەكتە.**

سالونى ياكى ئاتالمىش «غەربىي رايون پىلانى» ئورگان تور بېكىتىگە رويخەتكە ئالدۇرسا بولىدىغانلىقى قەيت قىلىنغان.

بىلدۈرۈلۈشىچە، قوبۇل قىلىنغان پىدائىيلار سانىنىڭ ئېشىشىغا ئاساسەن، جايلاردىكى «ئىتتىپاق كومىتېت»لىرى ئالدىن تەييارلىق قىلىپ، ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلارنىڭ ئىش ئورنى ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئاتالمىش «پىدائىيلار» مۇلازىمىتى كاپالەت باشقۇرۇش سىستېمىسىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ ئىش ئورنىغا ئېرىشىشى ۋە شەرقىي تۈركىستاندا يەرلىشىپ قېلىشىغا ياردەم بېرىدىكەن.

خىتاي شەرقىي تۈركىستاننى پۈتۈنلەي خىتايلاشتۇرۇش رەزىل مەقسىتىدە، ھەر قايسى ۋىلايەت، شەھەر ۋە ئوبلاستلاردىكى تەشۋىقات ۋاستىلىرى ئارقىلىق ھەرخىل ناملاردا خىتاي ئۆلكىلىرىدىن خىتاي ئاققۇنلىرىنى تەكلىپ قىلىپ، شەرقىي

ھەمكارلىق كوپېراتىپىغا بېرىشكە مەجبۇرلىغان. ئاندىن يەرلىرىدىن ئايرىلغان دېھقانلارنى ئاتالمىش «ئېشىنچا ئەمگەكچىلەرنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش» نامىدا خىتاي ئۆلكىلىرىگە سۈرگۈن قىلىشقا شارائىت ھازىرلىغان. ئارقىدىن ھەر خىل ناملار بىلەن شەرقىي تۈركىستانغا خىتاي ئاققۇنلىرىنى يەرلەشتۈرگەن.



تۈركىستانغا يەرلەشتۈرۈش ھەرىكىتىنى ئالاھىدە تەشۋىق قىلىپ كەلمەكتە. بۇندىن ئىلگىرى تارقالغان سىنلاردىمۇ خىتايلار شەرقىي تۈركىستانغا يەرلىشىشكە چاقىرىلىپ، ئاققۇنلارغا ھەقسىز يەر، ھەقسىز ئۆي، ئۆسۈمسىز قەرز، زور مىقداردا ياردەم پۇلى تەمىنلىنىدىغانلىقى تەشۋىق قىلىنغانىدى.

يېقىنقى يىللاردا خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا ئالدى بىلەن يېزا-كەنتلەردىكى دېھقانلارنى ھەرخىل ۋاستىلەر بىلەن تېرىلغۇ يەرلىرىنى

# يىللىق دوكلات: خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزمەكتە



ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى بۈ دۈشەنبە 2023-يىللىق ئىنسان ھەقلىرى دوكلاتىنى ئېلان قىلغان بولۇپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى سادىر قىلىشۋاتقانلىقىنى قايتا تەكىتلىدى.

**“**

***ئامېرىكا خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى ئىنكار قىلدى.***



ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى 22-ئاپرېل 2023-يىللىق «ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىنسان ھەقلىرى ئەمەلىيىتى دوكلاتى»نى ئېلان قىلىپ، ئىسرائىلىيە-ھاماس توقۇنۇشى، رۇسىيەنىڭ ئۇكرائىناغا قىلغان تاجاۋۇزچىلىقى قاتارلىق ئىنسانىي ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى مەسىلىسىگە بولغان ئەندىشىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان ھەمدە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى



ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي مىللەتلەرگە قاراتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتنى تىلغا ئالغان.

ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئانتونى بىلىنكېن 22-ئاپرېل ئۆتكۈزۈلگەن مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا: «بىز ئىنسانىي ھوقۇق ۋە قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش مەسلىسىنىڭ دۇنيانىڭ تېخىمۇ كۆپ جايلىرىدا بېسىمغا دۇچ كەلگەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈۋاتىمىز» دېگەن. بىلىنكېن سۆزىدە يەنە شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغۇچىلىرى





ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن ۋە ئامېرىكا مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكىگە بولغان ئەندىشىسىنى داۋاملىق ئىپادىلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

دوكلاتنىڭ ختايغا ئالاقىدار بۆلىكىدە: «ختايدا بۇ بىر يىل ئىچىدە ئاساسلىقى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى ۋە باشقا دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەت خەلقىگە قارىتىلغان ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايىتى داۋاملىق يۈز بەردى»، «2017-يىلىدىن بېرى ختاي ئۇيغۇر ۋە باشقا مۇسۇلمانلارنى ئاساس قىلغان مىللەت ئەزالىرى ئىچىدىن بىر مىليوندىن ئارتۇق كىشىنى خالىغانچە قولغا ئېلىپ، سوت قىلماي جازا لاگېرى ۋە تۈرمىلەرگە سولىدى» دېيىلگەن ۋە شۇنداقلا ئومۇمىي سانى ئېنىق بولمىغان زور تۈركۈمدىكى خەلقنىڭ كۈندۈزى ئاتالمىش «قايتا تەربىيەلىنىش»كە مەجبۇرلىنىۋاتقانلىقى قەيت قىلىنغان.

> **“ يىللىق دوكلاتتا ختاينىڭ جازا لاگېرلىرىمۇ تىلغا ئېلىنىدى.**

# ئىككى ئەنگلىيە پۇقراسى
# خىتايغا جاسۇسلۇق قىلىش بىلەن ئەيىبلەندى



لوندون ساقچى دائىرىلىرى ئىككى ئەنگلىيە پۇقراسىنى خىتايىنى پايدىلىق ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەش، جاسۇسلۇق قىلىش جىنايىتى بىلەن ئەيىبلىدى.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدە

“

**ئىككى جاسۇسلۇق گۇماندارى ئەنگلىيەنىڭ دۆلەت مەخپىيەتلىكىنى خىتايغا تەمىنلىگەن.**

قەيت قىلىنىشىچە، لوندون شەھەرلىك ساقچىخانىنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش قوماندانلىق ئىشتابى باشچىلىقىدىكى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ساقچىلىرى بىر مەزگىل تەكشۈرۈشتىن كېيىن، لوندوندىكى 29 ياشلىق كىرىستوفىر كەش ۋە ئوكسفوردتىكى 32 ياشلىق كىرىستوفىر بېررى ئىسىملىك ئىككى





**بىر جاسۇس گۇماندارى ئىلگىرى «خىتاي تەتقىقاتى گۇرۇپپىسى»نىڭ باش تەپتىشى بولغان.**

كىشى مەخپىيەتلىك قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش، قانۇنسىز ھالدا دۈشمەن دۆلەتنى ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەش جىنايىتى بىلەن ئەيىبلەنگەن.

مەلۇم بولۇشىچە، كىرىستوفېر بېررى ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، ساقچىلارنىڭ بايانatىدا ئاشكارىلىنىشىچە،

ئۇ 2021-يىلى 28-دېكابىردىن 2023-يىلى 3-فېۋرالغىچە بولغان ئارىلىقتا باشقا كىشىلەرگە ئۇچۇر يىغىپ بېرىش، خاتىرىلەش، نەشر قىلىش ياكى تارقىتىش، دۈشمەن دۆلەتلەرنى پايدىلىق ئۇچۇرلار بىلەن

تەمىنلەش قاتارلىق دۆلەت بىخەتەرلىكى ياكى مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزۈش مەقسەت قىلىنغان قىلمىشلارنى سادىر قىلىش بىلەن ئەيىبلەنگەن.

كىرىستوفېر كەشنىڭ



جاسۇسلۇق ھەرىكەتلىرى بولسا 2022-يىلى 20-يانۋاردىن 2023-يىلى 3-فېۋرالغىچە داۋاملاشقان بولۇپ، ئىلگىرى بىر كونسېرۋاتىپ پارتىيە ئەمەلدارى تەرىپىدىن قۇرۇلغان «خىتاي تەتقىقاتى گۇرۇپپىسى»نىڭ باش تەپتىشى بولغان ۋە پارلامېنت خىزمەتچىسى سالاھىيىتىگە ئېرىشكەن.

خىتاينىڭ ئەنگلىيەدە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانا باياناتچىسى بۇ مەسىلىگە جاۋاب بېرىپ، بۇ ئەيىبلەشنىڭ يامان غەرەزلىك تۆھمەت ئىكەنلىكىنى، خىتاينىڭ ئەزەلدىن ھەرقانداق شەكىلدىكى جاسۇسلۇق ھەرىكىتىگە ئارىلاشمايدىغانلىقىنى دەۋا قىلغان.

# ياۋروپا پارلامېنتى مەجبۇرىي ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىنى چەكلەش نىزامىنى تەستىقلىدى



ياۋروپا پارلامېنتى مەجبۇرىي ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىنى چەكلەش ھەققىدىكى نىزامنامىنى زور كۆپ سانلىق ئاۋازنىڭ قوللىشى بىلەن تەستىقلىدى.

فرانسىيە خەلقئارا رادىيوسىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ياۋروپا پارلامېنتى 23-ئاپرېل ئاۋازغا قويۇپ، مەجبۇرىي ئەمگەكتىن پايدىلىنىپ ياسالغان تاۋارلارنى ياۋروپا ئىتتىپاقى بازىرىدا سېتىش، ئىمپورت-ئېكسپورت قىلىشنى



چەكلەش نىزامىنى تەستىقلىغان.


مەزكۇر نىزام 555 ئەزانىڭ قوللىشى، 6 ئەزانىڭ قارشى تۇرۇشى، 45 ئەزانىڭ ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىشى بىلەن ماقۇللانغان. نىزامنامە ياۋروپا ئىتتىپاقى كېڭىشىنىڭ ئاخىرقى تەستىقىدىن ئۆتكەندە ئاندىن رەسمىي ئېلان قىلىنىدىغان بولۇپ، ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتلەر بۇ نىزامنامىنى ئىجرا قىلىشنى چوقۇم ئۈچ يىلغىچە باشلىشى ئىكەن.

بىلدۈرۈلۈشىچە، بۇ بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەت ئورگانلىرى ۋە ياۋروپا كومىتېتى گۇمانلىق تاۋارلار، تەمىنلەش زەنجىرى ۋە

> **“ مەجبۇري ئەمگەككە قارشى نىزام ياۋروپا پارلامېنتىدا يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ماقۇللاندى.**

ئىشلەپچىقارغۇچىلارنى تەكشۈرەلەيدىكەن. ئەگەر مەھسۇلات مەجبۇرىي ئەمگەك ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىلغان دەپ قارالسا، ئۇنى ياۋروپا ئىتتىپاقى بازىرىدا (تور سودىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) سېتىشقا رۇخسەت قىلىنمايدىكەن.

رويتېرس ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، بۇ قارارنى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەقلىرى مەسىلىسىگە



كۆڭۈل بۆلىدىغان پارلامېنت ئەزالىرى ماقۇللىغان.

ئامېرىكا ھۆكۈمىتى




ختاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرگە ئېجرا قىلىۋاتقان باستۇرۇش قىلمىشلىرىنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئامېرىكا 2021-يىلى «ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنى چەكلەش» قانۇنىنى ماقۇللاپ، ئامېرىكا بازىرىنى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسانىي ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە چېتىلغان مەھسۇلاتلارنىڭ تەسىرىدىن قوغداشقا تىرىشقان.

ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ بۇ ھەقتە ئېلان قىلغان باياناتىدا مەجبۇرىي ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىنى تەكشۈرۈش خەلقئارالىق تەشكىلاتلار، ھەمكارلىق ئورگانلىرى ۋە پاش قىلغۇچىلاردىن ئېرىشكەن دەلىل-ئىسپاتلارغا ئاساسلىنىدىغانلىقى قەيت قىلىنغان.


“

**ئۇرغۇنلىغان داڭلىق ماركىلار ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىگە چېتىلغان.**

# ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنى ئېنىقلايدىغان سۈنئىي ئىدراك تېخنىكىسى ئوتتۇرىغا چىقتى



مەجبۇري ئەمگەك مەسىلىسى خەلقئارا كۈنتەرتىپتە تۇرۇۋاتقان بىر پەيتتە مەخسۇس ئۇيغۇر مەجبۇري ئەمگىكىگە چېتىلغان تەمىنلەش زەنجىرىنى ئېنىقلاپ چىقىدىغان سۈنئىي ئىدراك تېخنىكىسى ئوتتۇرىغا چىقتى.




ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ 25-ئاپرېل خەۋەر قىلىشىچە، ئامېرىكا «ئۇيغۇر مەجبۇري ئەمگىكىنى چەكلەش قانۇنى»نىڭ ئىجرا قىلىنىشى ئىككى يىلغا يېقىنلاشقان بىر ۋاقىتتا، ئالدىنقى ھەپتە يېڭى سۈنئىي ئىدراك قورالى تەتقىق قىلىپ چىقىلغان بولۇپ، بۇ قورال ئارقىلىق مەخسۇس ئۇيغۇر مەجبۇري ئەمگىكىگە چېتىشلىقى بار تەمىنلەش زەنجىرىنى ئېنىقلاپ چىققىلى بولىدىكەن.


خەۋەردە قەيت قىلىنىشىچە، «تەمىنلەشنى ئىز قوغلاش» (Supply Trace) ناملىق قورال بولسا ئېچىۋېتىلگەن سۈنئىي ئىدراك سۇپىسى بولۇپ، بوستونغا جايلاشقان شەرقىي شىمال ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن ئەنگلىيەدىكى شېفىلد ھالام ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىرلەشمە تۈرى ئىكەن.

مەسئۇل خادىملار مەزكۇر سۇپا ئامېرىكا ئاۋازىغا مەلۇمات بېرىپ: «بۇ قورال سىناق باسقۇچىدا ئامېرىكىغا ئېكسپورت قىلىنغان كىيىم-

**سۈنئىي ئىدراك تېخنىكىسى ئۇيغۇر مەجبۇري ئەمگىكىگە قارشى ئىشلىتىلمەكتە.**

كېچەكلەرنى ئىز قوغلاشقا ئالاھىدە مەركەزلىشىدىغان بولۇپ، كەلگۈسىدە باشقا رايون ۋە كەسپلەرگە كېڭەيتىش پىلانلاندى» دېگەن.

«تەمىنلەشنى ئىز قوغلاش» سۈپىسىنىڭ تەرەققىياتىغا يېتەكچىلىك قىلغان شەرقىي شىمال ئۇنىۋېرسىتېتى تەمىنلەش زەنجىرىنى باشقۇرۇش



يارده‌مچى پروفېسسورى شاۋن ىبمانىنىڭ تونۇشتۇرۇشچە، بۇ قورال ئامېرىكىنىڭ «ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنى چەكلەش قانۇنى» ۋە دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى شۇنىڭغا ئوخشاش باشقا قانۇنلارغا ئاۋاز قوشۇش ئۇچۇن ئاساسەن ياسالغان. بۇ ئۇسكۇنە كىيىم-كېچەك

**سۈنئىي ئىدراك سۈپىسىنىڭ ئىسمى «Supply Trace».**

ترانسپورتى بىلەن شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرىي ئەمگەكنىڭ يوشۇرۇن خەۋپىنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق، تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ سىستېمىلىق ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدىكەن.



# گېرمانىيەدە يەنە بىر خىتاي جاسۇسلۇق قىلىش بىلەن ئەيىبلەندى



ختاي بىلەن گېرمانىيە ئارىسىدا جاسۇسلۇق كىرىزىسى يۈز بەرگەن بولۇپ، گېرمانىيە ئوڭچىل سىياسىي پارتىيە ئەزاسىنىڭ بىر ختاي ياردەمچىسى ختاي رېجىمى ئۈچۈن جاسۇسلۇق قىلىش بىلەن ئەيىبلىنىپ قولغا ئېلىندى.



BBC نىڭ 25-ئاپرېل خەۋەر قىلىشىچە، گېرمانىيە ساقچىلىرى ختايغا جاسۇسلۇق قىلىش جىنايىتى بىلەن ئوڭچىل پارتىيە ئەزاسى، ياۋروپا پارلامېنت ئەزاسى نامزاتى ماكسىملىيام كىراھنىڭ بىر ختاي ياردەمچىسىنى قولغا ئالغان. بۇ گېرمانىيە ساقچىلىرى يېقىندا ختايىنى ھەربىي ئۈچۈر بىلەن تەمىنلىدى، دەپ گۇمان قىلغان ئۈچ گېرمانىيە پۇقراسىنى قولغا ئالغاندىن كېيىنكى يېڭى بىر جاسۇسلۇق دېلوسى ھېسابلىنىدىكەن.

> **گېرمانىيە ھۆكۈمىتى ختايغا جاسۇسلۇق قىلىشقا ئالاقىدار يەنە بىر دېلونى پاش قىلدى.**

گېرمانىيە تاراتقۇلىرىنىڭ خەۋەرگە ئاساسلانغاندا، قولغا ئېلىنغان 43 ياشلىق ختايىنىڭ ئىسمى جيەن گو ئىكەن. تەپتىش ئەمەلدارىنىڭ ئېيتىشىچە، جيەن گو ياۋروپا پارلامېنتى ھەققىدىكى ئۈچۈرلارنى ختاي جاسۇسلۇق ئورگانلىرىغا ئاشكارىلاش ۋە گېرمانىيەدىكى ختاي ئۆكتىچىلەر



**نەچچە كۈن ئىلگىرى باشقا ئۈچ گېرمانىيە پۇقراسى خىتايغا جاسۇسلۇق قىلىش جىنايىتى بىلەن قولغا ئېلىنغانىدى.**

ھەققىدە جاسۇسلۇق قىلىش جىنايىتى بىلەن ئەيىبلەنگەن.

گېرمانىيە ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى نەنسى فېيسېر بۇنىڭ ئىنتايىن ئېغىر مەسىلە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ: «ئەگەر بىرەيلەننىڭ ياۋروپا پارلامېنتىدا جاسۇسلۇق قىلغۇاتقانلىقى جەزملەشتۈرۈلسە، بۇ ياۋروپا دېموكراتىيەسىگە ئىچىدىن قىلىنغان ھۇجۇم بولىدۇ» دېگەن. گېرمانىيە ئەدلىيە مىنىستىرى ماركو بۇشمانمۇ ئەگەر بۇ ئەيىبلەشلەر راست بولۇپ چىقسا، ئېغىر ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

گېرمانىيە فېدېراتىپ تەپتىش مەھكىمىسى 22-ئاپرېل خىتاينىڭ دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقى ئۈچۈن جاسۇسلۇق قىلىش بىلەن گۇمان قىلىنغان ئۈچ گېرمانىيە پۇقراسىنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقىنى، ئۈچ



گۇماندارنىڭ 2022-يىلى 6-ئايدىن بۇرۇن خىتاينىڭ ئالاھىدە ئورگىنىغا ئىشلەشكە باشلىغانلىقى ھەققىدە كۈچلۈك گۇمان بارلىقىنى ئېلان قىلغانىدى.



# شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرسىز بازار، ئۇيغۇرسىز دۇكانلار كۆپەيمەكتە

يېقىنقى يىللاردىن بېرى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى سەۋەبلىك، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى قايناق بازارلاردا ئۇيغۇرلار ئازىيىپ قالغان، ھەتتا ئۇيغۇرلارنى كۆرگىلى بولمايدىغان ھالەتكە كەلگەن.

لاگېر شاھىتى زۇمرەت خانىم ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىسىدا ھەمبەھىرلىگەن سىنلاردا ئاشكارىلىنىشىچە، بۇ يىللىق روزا ھېيت مەزگىلىدىمۇ كىيىم-كېچەك دۇكانلىرىدا ئۇيغۇرلار ئازلاپ قالغان، ھەتتا بەزى بازار، رەستىلەر ئۇيغۇرسىز بولۇپ قالغان.






بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئىككى سىن مايتاغدا تارقىتىلغان بولۇپ، دۇكاندارلار: «ھېيت بازىرىدىمۇ ئادەم كۆرۈنمەيدۇ، ئادەملەر باشقا پىلانېتقا كۆچۈپ كەتتىڭلارمۇ نېمە!؟ تارىختا كۆرۈلمىگەن ئەھۋاللار كۆرۈلۈۋاتىدۇ. ماللارنى ئەكېلىپ قويساق كىيىم ئالىدىغان ھېچكىم يوق، كىيىم كىيمەي يوپۇرماقتا يۈگىنىپ يۈردۈڭلارمۇ؟» دېگەن ئاچچىق تەنە قىلغان.

ئۈرۈمچىنىڭ كونسۇل كوچىسىدىن تارتىلغان سىنلاردا بولسا ھېيت ھارپىسىدا ئادەملەرنىڭ ئىنتايىن ئاز ئىكەنلىكى كۆرۈنىدىغان بولۇپ، سودىگەر بازارنىڭ ئادەمسىز، ئۇيغۇرسىز بولۇپ قالغانلىقىنى

**روزا ھېيت مەزگىلىدىمۇ كوچىلار، رەستىلەر چۆلدەرەپ قالغان.**



ئاشكارىلاپ: «يېتىشمەي قالمىسۇن دەپ مالنى تولۇق ئەكەلگەن ئىدىم، ئەمما...» دېگەن ۋە چۆلدەرەپ قالغان كوچىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «كونسۇل كوچىسىدا ئادەملەر بەك كۆپ بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. نېمىدېگەن مىغ-مىغ ئادەملەر بۇ!» دەپ تەنە قىلغان.

بىر نەچچە كۈن ئىلگىرى قەشقەردە تارقىتىلغان بىر سىندا ھېيتقا ئىككى كۈن قالغان بولسىمۇ، بىراق ئىلگىرىكى ھېيتنىڭ ھارپىسىدا قايناق بازار بولىدىغان بازار، دۇكان ۋە كوچىلارنىڭ ئادەمسىز قالغانلىقىنى ئاشكارىلىغانىدى.

كۆزەتكۈچىلەر خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر مەھەللىلىرىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئارقىلىق، تارىخىي ئىزلارنى، مەھەللە، قوشنىدارچىلىق






كۈلتۈرىنى ۋە بىناكارلىق مەدەنىيىتىنى ۋەيران قىلىۋاتقانلىقىنى، شۇنداقلا بۇ ئارقىلىق خەلقىنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئاجىزلاشتۇرۇش، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك كونترول ۋە نازارەت قىلىش، نوپۇس نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىش

قاتارلىق رەزىل مەقسەتلىرىگە يەتمەكچى بولغانلىقىنى، ئاخىرىدا شەرقىي تۈركىستاننى ئۇيغۇرسىزلاشتۇرۇش ئارقىلىق، مەڭگۈلۈك يۇتۇۋېلىشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈشمەكتە.

**قىسقا سىنلار شەرقىي تۈركىستاندىكى ئېچىنىشلىق ۋەزىيەتنى يورۇتۇپ بەرمەكتە.**

# دوكلات: شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكى داۋاملىق ئېغىرلاشماقتا

خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى 2023-يىللىق ئومۇمىي دوكلات ئېلان قىلغان بولۇپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكىنىڭ داۋاملىق ئېغىرلاشقانلىقى تەكىتلەندى.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ ئالاقىدار خەۋىرى قەيت قىلىنىشىچە، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى 24-ئاپرېل دۇنيا مىقياسىدا بىرلا ۋاقىتتا «2023-يىللىق ئىنسان ھەقلىرى دوكلاتى»نى ئېلان قىلغان بولۇپ، دوكلاتتا 155 دۆلەتنىڭ ئىنسان ھەقلىرى ئەھۋالى باھالاپ چىقىلغان.

«2023-يىللىق ئىنسان ھەقلىرى دوكلاتى»دا خىتاي ۋە خوڭكوڭنىڭ نۆۋەتتىكى ئىنسان ھەقلىرى ئەھۋالى تونۇشتۇرۇلغان مەزمۇنلار ئالتە بەتتىن ئاشىدىغان بولۇپ، باشقا دۆلەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا ئەڭ كۆپ ئىكەن. دوكلاتتا كۆرسىتىلىشىچە، خىتاي داۋاملىق دۆلەت



بىخەتەرلىكنى باھانە قىلىپ، كىشىلەرنىڭ سۆز قىلىش، يىغىلىش ۋە ئۇيۇشۇش ئەركىنلىكىنى چەكلىگەن.

دوكلاتتا ئاگاھلاندۇرۇشچە، ختاي شەرقىي تۈركىستاندا ئىنسانىي ھوقۇقلارنى ئېغىر دەپسەندە پەيدا قىلىپلا قالماي، يەنە تىبەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تىلى ۋە مەدەنىيىتىگە سىستېمىلىق بۇزغۇنچىلىق قىلغان. بۇنىڭدىن باشقا، ئىنسان ھەقلىرى ئادۋوكاتلىرى، ژۇرنالىستلار، ئاياللار ھوقۇقى پائالىيەتچىلىرىنى داۋاملىق باستۇرغان.

دوكلاتتا ختاينىڭ ئوخشىمىغان ئۇسۇللار بىلەن چەت ئەلگە ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈش پىكرىنى كېڭەيتىلىپلا قالماستىن، بەلكى باشقا مۇستەبىت

> ## ***دوكلاتتا ختاينىڭ ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكلىرى ئالاھىدە تىلغا ئېلىندى.***

دۆلەتلەردە ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈشنىڭ كۈچىيىشىگە مەدەت ۋە ياردەم بەرگەنلىكى قەيت قىلىنغان.



خىتاي بۇ يىل رامىزاندىمۇ شەرقىي تۈركىستاندا روزا ئىبادىتىنى پۈتۈنلەي چەكلىدى.
Radwiç 28.3.24
© ISTIQLAL



ISTIQLAL

DOĞU TÜRKİSTAN
BASIN VE MEDYA DERNEĞİ
شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى
جمعية تركستان الشرقية للصحافة والإعلام
EAST TURKISTAN PRESS AND MEDIA ASSOCIATION

# شەرقىي تۈركىستاندا نېمىلەر يۈز بېرىۋاتىدۇ؟

## بۇ ھەقىقەتكە خەۋەرلەرنىڭ قايسىسى راست، قايسىسى يالغان؟

ژۇرنىلىمىز ئىشەنچىلىك، نوپۇزلۇق خەۋەر مەنبەلىرى ۋە تىرىك شاھىتلارنىڭ گۇۋاھلىقى ئارقىلىق، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستان خەلقى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى، خىتاينىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بۇ ھەقىقەتكە يالغان ئۇچۇرلىرى ۋە كۆز بويامچىلىقىنى دۇنياغا ئاشكارىلاشنى نىشان قىلىدۇ.


www.istiqlalhaber.com I www.istiqlalmedia.com

IstiqlalTV info@istiqlalmedia.com

Kartaltepe Mah. Geçit Sok. No: 6 Dükkan 2 Sefaköy Küçükçekmece İSTANBUL

+90 212 540 31 15 +90 553 895 19 33 +90 541 797 77 00